# ئاپتونوم رايونىمىز ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇردى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تېخىمۇ ياخشى ياردەم بېرىش ئۈچۈن، يېقىندا شىنجاڭ تەمنات - سودا ئالىي تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى «توردا+تور سىرتىدا» ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە يېتەكلەش خاراكتېرلىك تەربىيەلەشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دىڭدىڭ ئارقىلىق توردا بىۋاستە كۆرسىتىش، ھەر ۋاقىت ھەمتۈرتكە بولۇش، توردا جاۋاب بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق دەرس ئۆتتى. «تەربىيەلەش مەزمۇنى ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى ۋە سىياسەتلەرنى تەھلىل قىلىش، خىزمەت ئىزدەش ماھارىتى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئوقۇغۇچىلار يەنە تور سۈپىتى ئارقىلىق، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا قايتۇرۇپ كۆرسە بولىدۇ» دېدى بۇ مەكتەپنىڭ داۋاملاشما مائارىپ تەربىيەلەش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىن ۋېنشيۇ.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەر، ھەرقايسى تارماقلار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش «بۇلۇت سۈپىتى»نى پائال بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، توردا تەكلىپ قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى ياخشى ئىشلەپ، ھەرقايسى تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇنلار ۋە خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرنى «بۇلۇت مۇلازىمىتى» بىلەن تەمىنلىدى.

«يېقىنقى مەزگىلدە، بىز ئارقا - ئارقىدىن ھەربىيدىن چېكىنگەنلەرنى مەخسۇس توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى، ئايال ئىختىساسلىقلار ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەخسۇس توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى، داۋالاش - سەھىيە كەسپى مەخسۇس توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ، تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشقۇچى كىشىلەر توپىنى شەكلى كۆپ خىل توردا تەكلىپ قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدۇق.» 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى بازىرى بازار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ما يەنلىڭ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز 10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا تەكلىپ قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە يۈزلىنىپ تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇنلار ۋە تۈرلۈك خىزمەت ئىزدىگۈچىلەرنى ئاممۇۋى مەنپەئەت توردا تەكلىپ قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، نەچچە مىڭ تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇن قاتنىشىدۇ.

تۈرلۈك توردا تەكلىپ قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي تۈرلۈك توردا تەكلىپ قىلىش پائالىيىتىدىن 2100 مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق ئۆتكۈزۈپ، 162 مىڭ ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى.

## كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش

«2 - ئايدىن باشلاپ، بىز ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ھەر ئايدا 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئاز تاپشۇردۇق، كارخانىنىڭ يۈكى يېنىكلىدى» دېدى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، باي ناھىيەسى تيانشان يېقىلغۇ گاز چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ ۋېنخۇ.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى كارخانىلارنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلاردا. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ تىجارەتتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تېخىمۇ تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچلۇق كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى تېزدىن يولغا قويۇپ، 2 - ئايدىن باشلاپ كارخانىلار تاپشۇرغان كۆنتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىش، كېمەيتىش، كېچىكتۈرۈش تەدبىرىنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، 2 - ئايدىن 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىدىن جەمئىي 3 مىليارد 416 مىليون يۈەننى كېمەيتىپ، كەچۈرۈم قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئادەم ئىشلەتكۈچى 100 مىڭ 200 ئورۇنغا نەپ يەتكۈزگەن.

كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتى دەرھال ئۈنۈم بېرىپ، كارخانىلارنى ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈردى. «30 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى ئاز تاپشۇردۇق، بۇ پۇل بىزدەك كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا نىسبەتەن ئاز پۇل ئەمەس. بىز بۇ پۇلنى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى تارقىتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ نورمال تىجارەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى شىنجاڭ ئەلقۇت بېيوپەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى گۈلجەملەم نىياز.

## يوللارنى كېڭەيتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كېڭەيتىش

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، سانجى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي باغچە غەربىي يولى ئەتراپىدىكى بىر كاۋاپ لەڭمەن ئاشخانىسىدا، تىجارەتچى شى يۈنخاۋ ۋە خىزمەتچىلەر بۇيرۇتۇلغان زاكازنى تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. 2018 - يىلى، شى يۈنخاۋ شىنجاڭ قاتناش كەسپىي تېخنىكا شۆبىسىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ ئاشخانا ئاچتى، سودىسى يامان ئەمەس بولدى، بىراق تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئاشخانىنىڭ تىجارىتىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

شى يۈنخاۋ بۇ ئىشتىن غەم قىلىۋاتقاندا، ئاپتونوم رايون يولغا قويغان ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يۆلەش سىياسىتى ئۇنى 10 مىڭ يۈەن ئىگىلىك تىكلەش ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە 6000 يۈەن ئۆي ئىجارىسى ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن قىلدۇردى. «ھەققىي تۈردە مېنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمىمنىڭ يېنىكلىشىگە ياردىمى بولدى، بۈگۈنكى كۈندە ئاشخانامنىڭ تىجارىتى ئەسلىگە كەلدى، بارغانسېرى ياخشىلىنىشنى، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى شى يۈنخاۋ.

يوللارنى پائال كېڭەيتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلىش شەرتىنى تۆۋەنلىتىش، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل سىياسىتىنى يولغا قويۇش سالمىقىنى زورايتىش، جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقانلارغا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل تەدبىرلەر ئارقىلىق، كارخانىلارنى خادىم قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى، ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى كۈچەيتىتى، ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى قوللىدى.

قاراقاش ناھىيەسىدە يېزا ئىگىلىك ئەشيالىرىنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئابدۇخەبەر ھوشۇر جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى. «مەن بىر ئايدا 1078.4 يۈەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرىمەن، تولۇق سوممىلىق ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەن بىر يىلدا 13 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل تېجىيەلەيدىغان بولدۇم» دېدى ئابدۇخەبەر.

قاراقاش ناھىيەلىك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ۋاڭ جيەنجۈڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ ناھىيەدە ئابدۇخەبەرگە ئوخشاش جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقانلاردىن 700دىن كۆپرەك كىشى بار، ھەممىسى بىردەك بۇ ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ۋاڭ جيەنجۈڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان بۇ سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يولغا قويۇلۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنى سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرىمىز.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەربىر ئاھالىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا تولۇق ھۆرمەت قىلغاندىلا، ئاندىن ياخشى ئىشنى ياخشى قىلىپ، ئەمەلىي ئىشنى ئەمەلىي قىلىپ، ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشتە ئاھالىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ جىددىي ئەمەلىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى چىقىش قىلىپ، «زاكازلىق» ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، «نىيمىنى ئۆزگەرتىش، قانداق ئۆزگەرتىش» جەھەتتە ئاھالىلەرنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ تەلىپىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇپ، كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى «شىنجاڭ نۇسخىسى» بىلەن تەمىنلىدى.

كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىش ھەم ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، ھەم ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇشتىكى ئەمەلىي تەدبىر بولۇپ، «ئالدىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بۇ خىزمەتنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، كونا ئولتۇراق رايونلارنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

---

مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بىر يىلدا

ئەزا دىلنار ئابلا:

# چىن دىلىمدىن ۋەتىنىمنى مەدھىيىلەيمەن مېھرىم بىلەن خەلققە جاۋاب قايتۇرىمەن

ۋەكىل، ئەزالارنىڭ خىسلىتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياڭ

«يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئارقىلىق ئۇنى يېڭەلەيمىز...» يېقىملىق مۇزىكىغا ئەگىشىپ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان سەككىز ياش ئۇسسۇلچى بىر تەرەپتىن ئۇسسۇل ئويناپ، بىر تەرەپتىن ناخشا ئېيتىتى... بۇ يىل 2 - ئايدا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىجاد قىلغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش باش تېمىسىدىكى بىر بۆلەك لەپەر(ناخشا - ئۇسسۇل، نەزمە، ئورۇنلاش بىر گەۋدىلەشكەن شىنجاڭ ئەل ئىچى ئەلنەغمە ئورۇنلاش سەنئىتى) «مېھىر - مۇھەببەت كىشىلەر ئارىسىدا» نامىلىق قىسقا سىن تورغۇن توردا شۇنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«بىر ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئېسىل ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرگە ئىللىقلىق، ئىشەنچ ۋە ئاكتىپ كۈچ يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىم بار» دېدى «مېھىر - مۇھەببەت كىشىلەر ئارىسىدا»نى ئىجاد قىلىشقا قاتناشقان شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى دىلنار ئابلا.

«ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى خەلقتىن ئوزۇق ئېلىپ، يېڭى دەۋرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتەن ۋە خەلققە جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك.» بۇ، دىلنارنىڭ بولتۇر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ «ئەزالار يولى»غا چىققاندا قىلغان يۈرەك سۆزى.

يۇقۇم يۈزبەرگەندە، دىلنار ھەر ۋاقىت خەۋەرگە دىققەت قىلدى، كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ھەربىر رەقەم، ئاق خالاتلىق جەڭچىلەر ئىستىھكامغا بۆسۈپ كىرگەن ھەربىر كۆرۈنۈش ئۇنى ئەنسىرەتتى ھەم تەسىرلەندۈردى. «بىر سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەربىيەلىشىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جەزمەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۈچۈمنى تەقدىم قىلىشىم كېرەك.» ئائىلىدە ئايرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقۇم ئەھۋالى دىلنارنىڭ كۆڭلىنى ئەندىشىگە سالدى. ئۇ شىنجاڭ دىلنار مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش تەرەققىيات فوند جەمئىيىتى ئارقىلىق 200 مىڭ يۈەن مېھىر - شەپقەت ئىئانە پۇلى توپلاپ، 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خۇبېيغا ئىئانە قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قوللىدى. جامائەت خەيرسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى، مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ كېچە - كۈندۈز خىزمەت قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇخلىمايۋاتقانلىقى، ئارام ئالمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دىلنار يەنە تۇغقانلىرى، دوستلىرى ئارقىلىق ئامالىنىڭ بارىچە ھەرقايسى تەرەپتىن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توپلاپ، مەزكۇر فوند جەمئىيەت ئارقىلىق خۇبېي شياۋگەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى، جامائەت خەيرسىزلىكى تارماقلىرى ۋە مەھەللە قاتارلىقلارغا 80 مىڭ ماسكا ۋە بىر تۈركۈم تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ، مۇداپىئە كىيىمى قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلدى.

ئۇدا ئۈچ نۆۋەت مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان، 2018 - يىلى يەنە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان دىلنار زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ھەمىشە مۇنداق دەيدۇ: «ئەزالار مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەققىي كۆڭۈل بېرىش، چىن ھېسسىياتنى بېرىش، ھەققىي تەكلىپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك».

ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئويۇن قويۇش دىلنارنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ ئاساسىي قاتلامغا بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ، پۇقرالارنىڭ ئاشۇ قىزغىن نەزەرى بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنداقلا ھەر قېتىملىق ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئويۇن قويۇش پۇرسىتىنى ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاش، جەمئىيەت ئەھۋالى، ئەلرايىنى توپلاش پۇرسىتى دەپ بىلىدۇ. بۇلتۇرقى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا دىلنار «جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ‹بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش›نى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ» ھەمدە «شىنجاڭنىڭ پورت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش تەكلىپى»نى بەرگەن. بۇ تەكلىپلەر ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە جاۋاب قايتۇرۇشىغا ئېرىشتى، دىلنار بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى.

بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، دىلنار قانداق قىلغاندا ئۈزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم بەرپا قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامرات ئاممىنى ھەققىي نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەققىي قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا ئىزچىل ئويلاندى. «مەن تەكلىپىمنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتىمەن، بۇ تەكلىپلەرنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا ئاپىرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى دىلنار تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

# خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا كۈچ قوشۇش

تەكلىپ - تەۋسىيەلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيېۋن** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن داۋاملىق ماسلىشىپ - ھەمكارلىشىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان خەير - ساخاۋەت تۈزۈم سىستېمىسى ئورنىتىپ، خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان تېخىمۇ كۆپ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى چىقىرىپ، خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىت بەرپا قىلىدۇ، شارائىت يارىتىدۇ.

13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدا، شۇ تاۋ قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توققۇز نەپەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى جەمئىيەت ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق پائالىيەتلىرىنى قوللاش، كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى تۈزۈش تەكلىپى بېرىپ، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ئاكتىپ جاۋاب قايتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

«ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى يېتەكلەش ۋە قوللاشقا موھتاج، ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق پائالىيىتىدە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى كۆپەيتىشكە پايدىلىق بولغان ئاممۇۋى مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك، شۇنداقلا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.» شۇ تاۋ مۇنداق دېدى: ھازىر، جەمئىيەت ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، ياخشىلاشقا تېگىشلىك جايلىرى يەنە كۆپ، بەزى ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق تەشكىلاتلىرى ئەزالىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇش، كەسپ جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش كەمچىل بولۇشمۇ ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

شۇ تاۋ مۇنداق تەكلىپ بەردى: دۆلەت جەمئىيەت ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق پائالىيەتلىرىنى قوللاش، كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەربىيەلەش - يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، قەرەللىك ھالدا ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق خاراكتېردىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە كەسپىي ئورۇندىكى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ، جەمئىيەت ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق تەشكىلاتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ كەسپلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرسە؛ تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق خاراكتېردىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ئاممۇۋى پىكىر كەيپىياتى ياراتسا؛ ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىقتىكى «تەمىنلەش - ئېھتىياج» سۈپىسى بەرپا قىلىپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، مەنپەئەتلەنگۈچىلەرنى تېخىمۇ قاراتمىلىقتا ئىگە قىلسا. شۇنىڭ بىلەن بىللە رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىپ، تېخىمۇ كۆپ خەلق ئاممىسىنى جەمئىيەت ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئاممۇۋى مەنپەئەتدارلىق مۇلازىمەت قوشۇنىنى زورايتسا.

خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شۇ تاۋ قاتارلىق توققۇز نەپەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تېزلا جاۋاب قايتۇردى. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى قايتۇرغان جاۋابتا مۇنداق دېيىلدى: خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىغا قارىتىلغان تەربىيەلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر يىلى ئۆز ئالدىغا تەربىيەلەش ياكى ھاۋالە قىلىپ تەربىيەلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق، خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىدا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى سىياسەت، قانۇن - بەلگىلىمە، مالىيە باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن تەربىيەلەپ، خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، يۈرۈشتۈرۈش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋاتىدۇ. مەملىكەت بويىچە خەير - ساخاۋەت ئۇچۇرلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش سۇپىسى «خەير - ساخاۋەتلىك جۇڭگو»نى قۇرۇپ، خەير - ساخاۋەت ئىئانىسى توپلاش ۋە خەير - ساخاۋەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالىنى ھەرىكەتچان ھالەتتە ئاشكارىلاپ، مالىيە مىنىستىرلىقى، باج باش ئىدارىسى قاتارلىق ھەرقايسى تارماقلارغا ماسلىشىپ، باجدا ئېتىبار بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىنكى قەدەمدە، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپىگە قارىتا، تۈزۈم سىستېمىسى ۋە ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىش داۋامىدا ۋە ئىشتىن كېيىن نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنىڭ قېلىپلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)